”ئەتىكى قۇياش“ — ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى

## يېقىنقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئاتىسى

# گالىلېي



مىللەتلەر نەشرىياتى

# يېقىنقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئاتىسى

## —— گالىلېي

قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر: سۈي لى  شياڭ يۈن  جۈن ۋاڭ
يەن فاڭ  جاڭ پىڭ

رەسىمنى سىزغۇچىلار: مياۋ ۋېي  لۇ لېي  ساۋ ئېرگاڭ
لىيۇ جىڭ  خېجيې  ساۋ چاڭشو
ياڭ خوڭ  لۇ شياۋ  ۋاڭ جىڭ
چى شىن  لۇ جىڭي  جاڭ يۇرۇڭ  شياۋ مىڭ

بەت ياسىغۇچى: جىنشيۇ شېڭيى





## قىسقىچە مەزمۇنى

«دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى» —— ئىلىم - پەن، سىياسىي، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ھەم ئۆز كەسپىدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى تاللاپ تونۇشتۇرغان يۈرۈشلۈك، كۆڭۈلدىكىدەك بالىلار ئوقۇشلۇقى.

بۇ كىتابلاردا مۇشۇ شەخسلەرنىڭ پارلاق ئىش - ئىزلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس كۈرەش قىلىش روھى نامايان قىلىنغان. بۇ تەرجىمىھاللارنى ئوقۇساق بىزنى بىلىمگە، ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ، مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ سۈرەتلىرى نەپىس، تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كەڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ھەم يېقىن دوستى بولالايدۇ.

www.uyghurkitap.com



# ... گالىلېينىڭ تەرجىمھالى ...

گالىلېي ــــ ئىتالىيىلىك ئۇلۇغ فىزىكشۇناس ۋە ئاسترونوم، يېقىنقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئاتىسى، 1564-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئىتالىيىنىڭ پىسا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئىشچان ھەم تىرىشچان، ئالاھىدە ئەقىللىق، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ،كىشىلەر ئۇنى خىسلەتلىك بالا دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ 17 يېشىدا پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ مېدىتسىنا ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە فىزىكا ۋە ماتېماتىكىغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ. ئۇ ئۆزلۈكىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ،نەچچە تۈرلۈك كەشپىيات يارىتىدۇ ھەم پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ماتېماتىكا پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن پادۇئا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرى تۇسكان ئوردىسىدا باش ئالىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم سىستېمىلىق كۆزىتىش ۋە تەجرىبە ئېلىپ بېرىشنى ئۆمۈر بويى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ ــ يېقىنقى زامان تەجرىبە ئىلمىنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ تەجرىبە ئارقىلىق ئەركىن چۈشكەن جىسىم قانۇنىنى تېپىپ چىقتى، ماددىنىڭ ئىنېرتسىيە قانۇنىنى، بىرىكىش (يىغىندا) كۈچى قانۇنىنى، ئاددىي ماياتنىك تەۋرىنىشىنىڭ ئىزوخرونىزمىنى، تاشلانغان جىسىمنىڭ ھەرىكەت قانۇنىنى بايقاپ، كلاسسىك مېخانىكا ۋە تەجرىبە فىزىكىسىنىڭ پېشۋاسىغا ئايلاندى.

ئېينشتېين: "گالىلېينىڭ بايقاشلىرى ھەم ئۇ قوللانغان ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى ــــ ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى، بۇ ھەم فىزىكا ئىلمىنىڭ ھەقىقىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ." دەپ ئېيتقان.

گالىلېي دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ تېلېسكوپنى كەشپ قىلغان ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئالەمنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن كىشى. ئۇ قۇياشتىكى داغلارنى، يۇپىتېرنىڭ تۆت چوڭ تەبىئىي ھەمرىيى-مېدىتسى يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسىنى، ۋېنېرانىڭ تولۇشى ۋە كىچىكلىشىنى، سامانيولى سىستېمىسىنىڭ سانسىزلىغان يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپقان يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى بايقاپ كىشىلەر تەرىپىدىن "ئاسماندىكى كولومبو" دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ ئاسترونومىيە جەھەتتىكى بايقاشلىرى كوپېرنىكنىڭ "قۇياش مەركەز» تەلىماتىنى كۈچلۈك ئىسپاتقا ئىگە قىلغان.مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ رىم پاپىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان، ئېپىسكوپ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆمۈرلۈك نەزەربەند قىلغان. گەرچە قېرىپ ھالسىزلانغان بولسىمۇ، رىم تۈرمىسىدە يەنىلا فىزىكا تەتقىقاتىنى داۋاملىق ئېلىپ بارغان. ھەتتا كور بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ياردەمچىسىنىڭ ياردىمىدە ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1624-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۇۋالچىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.




1 گالىلېي 1564- يىلى 2- ئاينىڭ 15- كۈنى پىسا شەھىرىدىكى ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. زېرەك ئوغلىنىڭ ۋاقتىنى ئويۇنچۇق ئويناش ۋە ھەجۋىي رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەمسىلىكى ئۈچۈن، ئۇنى موناستىرغا تەربىيىلەشكە بەردى.




2 ئۆگىنىشــــكە ئامراق گالىلېي موناســـتىرغا كىرىپ پۈتۈن كۈن بۇ يەردىكى كونا كىتابلار دۆۋىســـىگە چۆكۈپ دىن بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلدى. ئاتىسى ئۇنىڭدا دىنغا قىزىقىش شەكىللەنگەنلىكىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى قارارىغا پۇشايمان قىلدى.



3 1587- يىلى 17ياشلىق گالىلېي دادىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ مېدىتسىنا ئۆگەندى. بىراق ئۇ مېدىتسىناغا پەقەت قىزىقمىدى، ئەكسىچە ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپە ۋە فىزىكىسىغا قىزىقىپ قالدى.




4 ئەينى ۋاقىتتا، ئارىستوتېل نەزەرىيىسى ئەڭ نوپۇزلۇق سانىلىپ، ئۇنىڭ گېپى مۇتلەق ھەقىقەت ھېسابلىناتتى. بىراق، گاللىي ئۇنىڭ نەزەرىيىلىرىدىن نۇرغۇن گۇمانلىق نۇقتىلارنى بايقىدى ھەم ئارىستوتېلنىڭ خاتا پىكىرلىرىنى يىغىشقا باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

5 پىسا شەھرىدە چوڭ بىر چېركاۋ بار ئىدى، بىر كۈنى گالىلېي چېركاۋغا ئىبادەتكە بېرىپ، پوپنىڭ چېركاۋنىڭ ئۈستىگە ئېسىقلىق ئاسما چىراغقا ياغ قۇيغانلىقىنى كۆردى، پوپ ياغنى لىقلاپ بولۇپ كەتتى، ئاسما چىراغ يەنىلا تەۋرىنىپ تۇراتتى.






6 گالىلېي كۆزىنى ئۆزمەي چىراغقا قارىغاچ، ئۇڭ قولى بىلەن سول قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ساناشقا باشلىدى. ئۇ چىراغنىڭ تەۋرىنىشى تەدرىجىي ئاستىلىغان بولسىمۇ، بىراق ھەر قېتىم تەۋرەنگەندە سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدى.




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


7 گالىلېينىڭ بۇ بايقىشىنى كىشىلەر "ماياتنىكنىڭ ئىزوخرونىزمى" دەپ ئاتىدى. بۇ بايقاش كېيىن كىشىلەرنىڭ قوڭغۇراقنىڭ تەۋرىنىشىدىن پايدىلىنىپ ۋاقىت ھېسابلاشنى كەشىپ قىلىشىغا ئاساس سېلىپ بەردى. گالىلېيمۇ تەۋرىنىش تەتقىقاتىدا يېڭى بايقاشقا ئېرىشتى.




8 ئۇ، ئاددىي ماياتنىك ئۈستىدە سىناق تەجرىبە ئىشلەۋېتىپ، ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان ئاسما( ئېسقلىق ) جىسىمنىڭ تەۋرىنىشى، ئېگىز نۇقتىدىن پەس نۇقتىغا چۈشۈشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئوخشاش ئېگىزلىكتىن تەڭ ۋاقىتتا چۈشۈۋاتقان ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان جىسىمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يەرگە چۈشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.




9 ئارىستوتېل نەزەرىيىسىدە — ئېغىر جىسمنىڭ يەرگە چۈشۈش سۈرئىتى يېنىك جىسىمدىن تېز بولىدۇ، ـ دەپ قارايتتى. بۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمانلىنىپ باقمىغانىدى. بىراق ھازىر بۇ نوپۇزلۇق نەزەرىيىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان ئادەم چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش نۇرغۇنلىغان رادىكال ئىلىم ئەھلىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى.




10 بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن گاللېي بىر قاداق( بىر قاداق 450 گرامغا تەڭ ) ئېغىرلىقتىكى ۋە يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى ئىككى تۆمۈر شارنى ئېلىپ 54.6 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پىسا يانتۇ مۇنارىنىڭ چوققىسىغا چىقتى ھەم جامائەتنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئىككى شارنى تەڭلا يەرگە تاشلىدى، نەتىجىدە ئىككى شار بىرلا ۋاقىتتا يەرگە چۈشتى.




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

11 گاللىي ئارخىمىدنىڭ خان تاجىنىڭ سىرىنى ئاچقان ھېكايىسىگە بەك قىزىقاتتى. ئارخىمىد قائىدىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئۇ مۇشۇ قائىدىدىن پايدىلىنىپ بىر خىل ئاددىي، ئىشلىتىشكە قۇلايلىق، توغرا بولغان كىچىكرەك ئۆلچەش ئەسۋابىنى ياساپ چىقتى.

# سۇيۇقلۇق ستاتىك تارازا



12 گالىلېي ئۆزىنىڭ كەشپىياتىغا «سۇيۇقلۇق ستاتىك تارازا» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ 1586-يىلى «سۇيۇقلۇق ستاتىك تارازا» توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىسىدا سۇيۇقلۇق ستاتىك تارازىدىن پايدىلىنىپ مېتال تەركىبىنى توغرا بېكىتكىلى بولىدىغان ئاددىي ئۇسۇلنى بايان قىلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

13 1586- يىلى ئۇ «قاتتىق جىسىمنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. ئارقا- ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان بۇ ئىككى پارچە ماقالە ئۇنىڭ نامىنى جاھانغا تونۇتتى. شۇ يىلى ئۇ پىسا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىقىغا تەكلىپ قىلىندى.



14 ئۇ نسبەت سركۇلنى كەشپ قلىپ، خەرىتنى توغرا چوڭايتقلى ۋە كچكلەتكلى بولىدىغان قلدى. ئۇ كەشپ قلغان ھاۋا تېرمومېترى جسـمنىڭ ئىسسقلقىنى كېڭىيش، سـوغۇقلۇقىنى تارىيش قانۇنىدىن پايدىلنىپ، كىشلەرنى ئەينەككە ئۆيۈلغان گرادۇسقا قاراپ تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشنى بىلەلەيدىغان قلدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

15 گالىلېي يەنە نەزەرىيە جەھەتتىن جىسىمنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈش ھەرىكىتى ۋە ئاتقان جىسىم ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئاسترونومىيە تېلېسكوپىنى ياساپ چىقتى. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا تېلېسكوپ بىلەن ئالەمنى كۆزەتكەن بىرىنچى كىشى بولۇپ قالدى.



16 1609- يىلى، گالىلېي جىسمنى 1000 ھەسسە چوڭايتقىلى بولىدىغان تېلېسكوپنى ياساپ چىقتى. كۆزىتىش ئارقىلىق ئاي شارىنىڭ نــۇر چىقارمايدىغانلىقىنى، ئاي شــارىدىكى نۇرنىڭ قايتقان قۇياش نۇرى ئىكەنلىكىنــى بايقىدى. ئۇ يەنە يۇپىتېرنىڭ تۆت چوڭ تەبئىي ھەمرىيى بارلىقىنى بايقىدى.( بۇرۇن سەييارە دەپ قارالغان ).




17 گالىلېي ئۇزۇن مەزگىل تەكرار كۆزىتىش ئارقىلىق كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشەندى. 1604-يىلى ئۇ ئاسماندا يېڭى بىر يۇلتۇز كۆرۈنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دىنىي كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي نۇتۇق سۆزلەپ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى ئاكتىپ تەشۋىق قىلدى.




18 «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى تەشۋىق قىلغانلىقتىن، گالىلېي نەچچە قېتىم رىم پاپىسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. كاردىناللار ئۇنىڭغا يەنە تەشـۋىق قىلماسـلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشـۈردى. بىراق ئۇ يەنىلا «قۇياش مەركەز تەلىماتى»دا چىڭ تۇرۇپ، شۇ توغرىسىدا بىر كىتاب يازدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

19 بۇ كىتاب 1632- يىلى رەسمىي نەشردىن چىقىپ كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئوقۇرمەنلەر تالىشىپ سېتىۋېلىشتى ۋە بىر- بىرسىگە بېرىپ ئوقۇشتى. بۇ ئىش رىم دىنىي سوتىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى. ئۇلار ئالدىراپ كىتابنى چەكلەنگەن كىتاب دەپ ئېلان قىلدى ھەم 1633- يىلى گالىلېينى سوتقا چاقىرتتى.



20 تۆت ئايدىن كېيىن، رىم دىنىي سوت گالىلېيغا ئۆز ئۆيىگە مۇددەتسىز قامالغانلىقىنى، بۇنى كاردىناللار رازى بولغىچە ئىجرا قىلدۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 70 ياشقا كىرگەن گالىلېي ئاسەتكە يالاپ ئېلىپ كېتىلدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

21 ئۇ ئۆيىدە قاماقتا( نەزەربەند ) تۇرۇپمۇ قەيسەرلىك بىلەن فىزىكىشۇناسلىقتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئەسەر «ئىككى خىل يېڭى ئىلىمنىڭ دىئالوگى» نى يېزىپ پۈتتۈردى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ كىتاب 1638- يىلى نەشىردىن چىققاندا گالىلېي ئاللىقاچان ئەما بولۇپ قالغان بولۇپ بۇنى كۆرەلمىدى.




22 گالىلېي 1642-يىلى 1-ئايدا بەزگەك كېسەلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. 1979-يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنى رىم پاپىسى خاتالىقنى ئاشكارا تونۇدى ھەم گالىلېينى ئاقلىدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈردۇكى زورلۇق، ھوقۇق بەرىبىر ھەقىقەتنى باسالمايدۇ. ئىلىم-پەن مۇقەررەر غەلىبە قىلىدۇ.

图书在版编目（CIP）数据

加利略：维吾尔文/随力等编；缪维等绘；卡哈尔·普拉提译. —北京：民族出版社，2008.6
（托起明天的太阳. 世界杰出人物丛书）
ISBN 978-7-105-09375-5

Ⅰ.加… Ⅱ.①随…②缪…③卡… Ⅲ.加利略，G.（1564~1642）—生平事迹—少年读物—维吾尔语
（中国少数民族语言）Ⅳ.K 835. 466. 1-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第083666号

本书根据农村读物出版社2004年1月第1次印刷版本翻译出版

بۇ كىتاب جۇڭگو يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىل
1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　　译：卡哈尔·普拉提
责 任 编 辑
责 任 校 对：多鲁洪　·哈地尔
制　　　作：沙塔尔·沙拉木

تەرجىمە قىلغۇچى : قاھار پۇلات
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : دولقۇن قادىر
بەتچىك : ساتتار سالام

出版发行：民族出版社
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010-64290862
邮　　编：100013
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
经　　销：各地新华书店
开　　本：889毫米×1194毫米　1/24 印张：1
版　　次：2008年6月第1版
　　　　　2008年6月第1次印刷
印　　数：0001—3000册
书　　号：ISBN 978-7-105-09375-5/K.1405（维37）
定　　价：5.00元

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 2008 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 889×1194 م م. 24 كەسلەم　باسما تاۋىقى 1
سانى : 0001 ـ 3000
باھاسى : 5.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

翻　　译：卡哈尔·普拉提
责任编辑：多鲁洪·哈地尔
责任校对：多鲁洪·哈地尔

ئادەمنىڭ بۇرچى — ھەقىقەت ئۈستىدە باتۇرلارچە ئىزدىنىش. ئۆزىچە بارلىق شەيئىلەرنى چۈشىنىمەن دەيدىغان كىشىلەر، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق شەيئىنى چۈشەنمەيدۇ

—— گالىلېي




















ISBN 978-7-105-09375-5
9 787105 093755 >
定价：5.00元